UYGUR ARAŞTIRMA ENSTİTÜSÜ
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
UYGHUR RESEARCH INSTITUTE

# خەلقئارا ۋەزىيەت

## ئۇچۇر ۋە تەۋسىيەلەر

07.11.2020 – 01.11.2020


تەييارلىغۇچىلار : نىجات تۇرغۇن
: م.تەكىرىقۇت
: مۇھەممەد ئەلى

تەھرىرلەر : ئابدۇرېھىم دۆلەت
: پاسبان



5 - سان
11/11/2020


https://www.uysi.org/ug/

# ئامېرىكا – خىتاي مۇناسىۋەتلىرى ھەپتىلىك دوكلاتى

01.11.2020 - 07.11.2020

**م. تەڭرىقۇت**

بايدىن پرېزىدېنت بولسا، خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ياخشىلىنىش كۆرۈلەمدۇ؟ بايدىن پرېزىدېنت بولسا ئۇ ئامېرىكىنىڭ خىتاي سىياسىتىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ، ئەمما بايدىن ھۆكۈمىتى خىتاي بىلەن مۇناسىۋەتتە نېمىلا بولمىسۇن بۇ ئىككى ئىستراتېگىيەنى داۋاملاشتۇرۇپ ماڭىدۇ، ئۇ بولسىمۇ چەكلەش ۋە خىتايغا قارشى ئىتتىپاق قۇرۇشتىن ئىبارەت. ترامپ دەۋرىدە خىتاينى چەكلەش سىياسىتى ئەڭ گەۋدىلىك بولغان بولۇپ، بۇلار جەنۇبىي دېڭىز ۋە ھىندى ئوكياندا خىتاينىڭ كېڭەيمىچىلىكىنى چەكلەش، تەيۋەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادىي جەھەتتىن كەڭ كۆلەملىك سودا ئۇرۇشى قوزغاش، يۇقىرى تېخنىكا جەھەتتە خۇاۋېي ۋە G5 تېخنىكىسىنى چەكلەش، (خۇاۋېينى چەكلەش كۆپ ساندىكى ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭمۇ خۇاۋېينىڭ G5 ئىنتېرنېت تورىنى رەت قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.) ھەربىي جەھەتتىن ھىندىستان، ئاۋسترالىيە، ياپونىيە بىلەن «تۆتلۈك» ئىتتىپاق شەكىللەندۈرۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بايدىن بولسا يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشى، ۋۇخەن ۋىرۇسى ۋە يادرو قوراللارنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى چەكلەش قاتارلىق دۇنياۋىي مەسىلىلەردە خىتاي بىلەن يېقىن ھەمكارلىق ئورنىتىشقا تىرىشىدۇ. لېكىن ئۇ يەنە خىتاينى ھەربىي، تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن چەكلەشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىپ يېتىدۇ ۋە ترامپنىڭ بۇ جەھەتتىكى سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ ماڭىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ترامپ ھۆكۈمىتى بىلەن پەرقلىق بىر شەكىلدە، بايدېننىڭ نىشانى خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ قانۇنىيلىقىنى بىكار قىلىش ياكى ئۆرۈپ تاشلاش ئەمەس. لېكىن ئۇ ياۋروپا ۋە باشقا دېموكراتىك ئەللەر بىلەن ئاسان ئىتتىپاقلىشىپ خىتايغا قارشى بىرلىكسەپ ھاسىل قىلىش ئارقىلىق خىتاينى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ۋە پەن - تېخنىكا جەھەتتىن چەكلىيەلەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بىرلىك ئىچىدە كوللېكتىپ ھەركەت قىلىدۇ ۋە ناۋادا خىتاي كورىيە، ئاۋستىرالىيە، نورۋېگىيە ۋە ياپونىيە قاتارلىق ئامېرىكانىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنى بوزەك قىلسا بۇنىڭغا قاراپ تۇرمايدۇ.[1]

بۇ ھەقتە تەپۋەنگە كۆچۈپ كەتكەن خىتاي يازغۇچى ۋاڭ خاۋ (王浩) مۇ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ يىرىكلىشىشىنىڭ سەۋەبىنىڭ، شى جىنپىڭنىڭ «جەڭ بۆرىسى» دىپلوماتىيەسىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى، ئەگەر شى جىنپىڭ ھۆكۈمىتى ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگە قاراتقان جاھانگىرلىك سىياسىتىنى توختاتمىسا بايدېن پرېزىدېنت بولغان تەقدىردىمۇ ئىككى تەرەپلىك مۇناسىۋەتتە چوڭ ئۆزگىرىش بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ يەنە «بايدېن خىتايغا يۇمشاق قول ياكى يېقىن بولماقچى بولسىمۇ يېقىن بولالمايدۇ، چۈنكى ھەر ئىككى پارتىيە خىتاي ھاكىمىيىتىگە بولغان پوزىتسىيە مەسىلىسىدە بىرلىككە كېلىشكەنلىك» دېگەن. بايدېن ئوچۇق ئاشكارا ھالدا سودا ئۇرۇشىنى توختىتىدىغانلىقىنى ۋە ۋىرۇسنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرمەن دەپ خىتاي بىلەن جېدەل قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇ ئامېرىكىنى قايتىدىن خەلقئارالىق چوڭ تەشكىلاتلارغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ دۇنيا ئىشلىرىدىكى ئاكتىپ رەھبەرلىك رولىنى قايتىدىن جارى قىلدۇرىدۇ ۋە بۇ جەھەتتە ترامپتىن پەرقلىنىدۇ. لېكىن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت قۇرۇلما خاراكتېرلىك بولۇپ چوڭ ئۆزگىرىش بولمايدۇ. يەنە بىر نۇقتا بايدېن بولسا رۇسىيەنى ئامېرىكىنىڭ دۈشمىنى، خىتاينى بولسا رەقىپ دەپ قارايدۇ.[2]

[1] Andy Zellike, “What Is the End Game of US - China Competition?”, *The Diplomat*, 03.11.2020. https://thediplomat.com/2020/11/what - is - the - end - game - of - us - china - competition/

[2] “专栏 | 大国攻略：汪浩: 美中关系不可能彻底好转” *VOA*, 06. 11. 2020

لېكىن بۇ ھەقتە خىتاي بىلەن سودا كېلىشىم تۈزۈش يىغىنىغا قاتناشقان ئاقسارايى تىجارەت ۋەكىلى Clete Willems نىڭ كۆز قارىشى ئۆزگىچە بولۇپ ئۇ خىتايغا قارشى قاتتىق قول بولۇش سىياسىتىنىڭ قۇتۇپلاشقان ئامېرىكا جەمئىيىتىنى بىرلەشتۈرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، بايدىن يېڭىۋالغان تەقدىردىمۇ ئىنتايىن قىيىن بىر سىياسىي ئاتموسفېرانىڭ ئىچىدە قالىدىغانلىقىنى ۋە بۇ سەۋەب بىلەن ئۆزى بۇرۇندىن توغرا دەپ كەلگەن خىتايغا قارشى يۇمشاق قول بولۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. Willems مۇخبىرغا مۇنداق دېگەن «بىز سىياسىي جەھەتتىن قۇتۇپلاشتۇق، لېكىن خىتاي مەسىلىسىدە بىرلىككە كەلدۇق». [3]

ياپونىيەنىڭ يېڭى باش ۋەزىرى سۇگانىڭ تاشقى ئىشلار مەسلىھەتچىسى كۇنىھىكو مىياكى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشنىڭ يەنىلا داۋام قىلىدىغانلىقى ۋە بۇنداق بولغاندا ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەگە تېخىمۇ بەك ئېھتىياجى چۈشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ياپونىيە ھەم ئۆزىنىڭ بىردىنبىر بىخەتەرلىك ھەمراھى بولغان ئامېرىكا بىلەن ھەم ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ سودا ھەمراھى بولغان خىتاي بىلەن ئىنتايىن ئۇستىلىق ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش لازىملىقىنى تەكىتلىگەن.

سابىق دېموكرات پارلامېنت ئەزاسى Max Baucus ئۆزىنىڭ بلۇمبېرگ تېلېۋىزىيەسى بىلەن بولغان بولغان سۆھبىتىدە ئامېرىكانىڭ ئۆزىنىڭ قىممەت قاراشلىرىدا چىڭ تۇرۇشىنىڭ خىتاي خەلقى ئۈچۈنمۇ ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئۇ يەنە ئامېرىكا خىتايغا قارىتا قانچە قاتتىق سىياسەت يۈرگۈزگەنسېرى، خىتاي تەرەپتىكى قاتتىق قول سىياسەتچىلەرنىڭ

https://www.rfa.org/mandarin/zhuanlan/daguogonglue/dip - 11062020092707.html/ampRFA

[3] Saheli Roy Choudhury, "Being tough on China is what unifies a polarized U.S., former trade negotiator says", *CNBC*, 04.11.2020.
https://www.cnbc.com/2020/11/05/elections - clete - willems - on - us - china - relations - under - biden.html

خىتايدا كۆچىيىشكە شۇنچە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

مىياكىنىڭ قارىشىچە، سۇگا ھۆكۈمىتى خىتاي بىلەن مۇناسىۋەتنى جىددى ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدىغان ھەر قانداق ھەرىكەتتىن ئېھتىيات قىلىدىكەن. باش ۋەزىر سۇگا كېلەر يىلى يانۋاردا ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىشنى ئويلىشىۋاتقان بىر پەيتتە، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭيى بۇ ئاي ئىچىدە ياپونىيەنى زىيارەت قىلىشى مۇمكىن ئىكەن.[4]

تەيۋەن - ئامېرىكا مۇناسىۋىتى ھەققىدىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر بايدىن كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۆزگىرىش بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بايدىنمۇ خىتاينى چەكلەش ئۈچۈن ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىدۇ. ترامپ دەۋرىدىكى تۆت يىللىق «ئامېرىكىنى خەلقئارا سەھنىدىن تارتىش» سىياسىتى ئەمدى ئامېرىكىنى قايتىدىن دۇنيا بىلەن بىرلەشتۈرۈش سىياسىتىگە ئايلىنىدىغان بولۇپ بۇ خىتاي ئۈچۈن ياخشى خەۋەر ئەمەس. ھەتتا چىڭداۋ ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا مۇناسىۋەت پروفېسسورى پاڭ جۇڭيىڭ بايدىندىن كېيىن ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇ ھەقتە فىلىپپىننىڭ مانىلادا تۇرۇشلۇق تەتقىقاتچى Richard Heydarian مۇ ئوخشاش كۆز قاراشتا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ يەنە بايدىننىڭ ئاسىيا سىياسىتىنىڭ ئىككى تەرەپ بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.[5] بۇ تەبىئىي ھالدا ترامپنىڭ يەككە تەرەپلىك دىپلوماتىيەسىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ ۋە ئامېرىكا ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ئامېرىكاغا بولغان نارازىلىقىنى ئازايتىپ ئىشەنچىنى كۈچەيتىدۇ.

[4] Isabel Reynolds and Emi Nobuhiro, “U.S. will need Japan more as China tensions rise, Suga aide says”, *Japan Times*, 07.11.2020

https://www.japantimes.co.jp/news/2020/11/07/national/us-japan-china-suga/

[5] Teddy Ng, “US - China rivalry: Biden likely to boost ties with Asian allies to keep Beijing in check, observers say”,*South China Morning Post*, 06.11.2020.

https://www.scmp.com/news/china/diplomacy/article/3108782/us-china-rivalry-biden-likely-boost-ties-asian-allies-keep

بايدېننىڭ خىتاي سىياسىتى ھەققىدىكى يەنە بىر پەرەز ئۇنىڭ خىتاي بىلەن بولغان تىجارەت ئۇرۇشىنى پەسكويغا چۈشۈرۈشىدۇر. ئۇ ترامپ بېكىتكەن باجنى ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن، لېكىن ئاشۇرمايدۇ. چۈنكى پۈتۈن تىجارەت ئۇرۇشى جەريانىدا ھەر ئىككى تەرەپ پايدا ئالالمىغان. ING بۇ ھەقتە ئىستاتىستىكا ئېلىپ بارغان بولۇپ، 2018 ـ 2019 ئارىسىدا ئامېرىكىنىڭ خىتايدىن ئىمپورت قىلىنغان مەھسۇلات مىقدارى 12% ئازلىغان، 2019 ـ يىلىدا خىتاينىڭ ئامېرىكىدىن قىلىدىغان ئىمپورتىمۇ ئازلىغان. 2020 ـ يىلىدا بولسا ۋىرۇس سەۋەبلىك خىتايغا بولغان ئېكسپورت مىقدارىدا 12% تۆۋەنلەش كۆرۈلگەن. ئامېرىكا باشقا دۆلەتلەردىن ئىمپورت مىقدارىنى ئاشۇرغان بولسىمۇ خىتاي يەنىلا ئامېرىكىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىمپورت دۆلىتى بولۇپ قېلىۋەرگەن. بۇنىڭدىن باشقا سودا ئۇرۇشى سەۋەبىدىن ئىككى دۆلەتنىڭ ماللىرىنىڭ خەلقئارا بازاردىكى باھاسىمۇ ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، بۇ باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان تىجارىتىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن.[6]

لېكىن بۇ يەردە شۇ نەرسە ئېنىقكى، مەيلى بايدېن مەيلى ترامپ بولسۇن، تاشقى سىياسەت جەھەتتە خىتاينىڭ ئىقتىساد ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى جەھەتتە ئامېرىكىغا تەھدىت ئىكەنلىكىدە ھەر ئىككىلىسى ئورتاق قاراشتا. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق پەقەت قانداق ئۇسۇل ۋە تاكتىكا قوللىنىشتا. بۇ ھەقتە CNBC نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدىن تەتقىقاتچى Liz Economy بايدېن كۆرۈنۈش ۋە قوللانغان سىياسەتتە ترامپتەك قاتتىق قول بولمىسىمۇ، ئۇ ئوبامانىڭ خىتاينى قورشاش سىياسىتى بولغان TTP سىياسىتىنى قايتىدىن يولغا قويۇشى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بولغان دۇنياۋى ئىتتىپاق شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق خىتايغا قارشى تۇرۇشى ئېنىق. يەنە بىر تەرەپتىن، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ خوڭكوڭ، جەنۇبىي دېڭىز ۋە تەيۋەنگە قاراتقان سىياسىتى، ھىندىستان بىلەن توقۇنۇشى شۇنداقلا يىپەك

[6] Joanna Konings, “US - China trade after four years of America First”, *ING*, 02.11.2020. https://think.ing.com/articles/us - china - trade - after - four - years - of - america - first

يولى قۇرۇلۇشى ئارقىلىق دۇنيادا ھەربىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەسىرىنى كۈچەيتىشنى مەقسەد قىلغان بولۇپ، بۇلارنى خىتاي 21 ـ ئەسىردىكى دۆلىتىنىڭ نىشانى ۋە ئۆلچىمى قىلىپ بېكىتكەن.[7]

بۇ ھەپتە ئىچىدىكى تولىمۇ مۇھىم يەنە بىر خەۋەر بولسا ئامېرىكا تەرىپىدىن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» نىڭ تېرورلۇق تەشكىلاتلىرى تىزىملىكىدىن چىقىرىپ تاشلىنىشىدۇر. Middle East Eyes مېدىياسىنىڭ خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، خىتاي يىللاردىن بېرى بۇ تەشكىلاتنى نۇرغۇنلىغان تېرورلۇق ھەرىكەتلىرىگە باغلاپ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشنىڭ باھانىسى قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەشكىلاتنىڭ تېرورلۇق بىلەن ئالاقىسى بارلىقىغا ئائىت ھېچقانداق دەلىل ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويالمىغان. ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى پروجېكتى بۇ ھەقتە «خىتاينىڭ باھانىسىنىڭ كەسكىن رەت قىلىنىشى» دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن ۋە پروجېكت دىرېكتورى ئۆمەر قانات ئەپەندى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى «تەھدىدى» سۈيىقەستىنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارغا 20 يىل دۆلەت تېرورى ئېلىپ بارغانلىقىنى بايان قىلغان. Middle East Eyes بۇ قېتىملىق خەۋىرىدە ئامېرىكا تەرەپىنىڭ بۇ خەۋەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بايرىمىدىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن ئېلان قىلغانلىقىنى ئالاھىدە مەنىدار شەكىلدە تىلغا ئالغان.[8]

## ھەپتىلىك خەۋەرلەر ھەققىدە ئانالىز

بۇ ھەپتە ئامېرىكا ـ خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىياتى

[7] Seema Mody, “Why China is the biggest foreign policy risk facing the U.S., according to a scholar”, *CNBC*, 04.11.2020.

https://www.cnbc.com/2020/11/03/biden - trump - election - and - china - outlook - on - foreign - policy.html

[8] MEE stuff in Washington, “US removes Uighur group from terror list blamed by China for attacks”, *Middle East Eyes*, 06.11.2020 https://www.middleeasteye.net/news/us - removes - uighur - group - blamed - china - attacks - terror - list

ئاساسەن ئىككى مەزمۇندا بولۇپ، بىرى ئامېرىكا سايلىمى، يەنە بىرى بولسا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» نىڭ ئامېرىكا تەرىپىدىن تېرورچى تەشكىلاتلار تىزىملىكىدىن چىقىرىۋېتىلگەنلىكىنىڭ رەسمىي ئېلان قىلىنىشىدۇر.

سايلامغا كەلگەندە ھازىر بايدىنىنىڭ يېڭىشى مۇقىملىشىپ قالغان بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايغا ۋە باشقا دۆلەتلەرگە قارىتا قانداق سىياسەت قوللىنىدىغانلىقىغا قىزىقماقتا. ئانالىزچىلارنىڭ ھەممىسى بايدىن ھۆكۈمىتى توغرىسىدا مۇنداق بىر قانچە نۇقتىدا بىرلىككە كەلگەن بولۇپ بۇلار:

1. خىتاي بىلەن بولغان سودا ئۇرۇشىنى يەنىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتمەيدۇ.
2. خىتايغا قارشى ترامپتىن پەرقلىق ھالدا چەكلەش ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئاساسلىقى ئەنئەنىۋىي ئىتتىپاقداشلارنى قايتىدىن يېنىغا تارتىپ خىتايغا قارشى خەلقئارالىق بىرلىكسەپ قۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
3. ھازىرچە خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى مەقسەد قىلمايدۇ.
4. ئىتتىپاقداشلىرىنى خىتاينىڭ بوزەك قىلىشىغا يول قويمايدۇ ھەم ئۆزىمۇ بوزەك قىلمايدۇ.

ئامېرىكا - خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ ھازىرقى كەلگەن نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىق داۋاملىق داۋام قىلىدۇ. چۈنكى ترامپ ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ ھەقىقىي تەھدىت ئىكەنلىكىنى ۋە مەۋجۇت خەلقئارا سىستېمىنىڭ قائىدە تونۇمايدىغان بۇزغۇنچىسى ئىكەنلىكىنى پۈتۈن ئامېرىكا خەلقىگە ۋە ئىككى پارتىيىگە تونۇتتى. بۇ جەھەتتە ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ تۆھپىسىنى ھەقىقەتەن مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ سەۋەبتىن بايدىن ناۋادا خىتايغا يۇمشاق قول بولمىسۇن دېسە دۆلەت ئىچىدە چوڭ قارشىلىققا دۇچ كېلىدۇ. يەنە بىر ئويلىنىشقا تېگىشلىك نۇقتا بايدىنىنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىنى ھازىرمۇ رۇسىيە دەپ قارىشىدۇر. لېكىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، ھېچقانداق

پرېزىدېنت سايلامدىن بۇرۇن دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى سايلانغاندىن كېيىن قىلالمايدۇ. چۈنكى دۆلەتنىڭ شۇ مەزگىلدىكى سىياسىي ئاتموسفېراسى ۋە بۇنىڭغا ئاساسەن تۈزۈلگەن دۆلەت ئىستراتېگىيەسى پرېزىدېنتنىڭ قىلماقچى بولغانلىرىنى چەكلەپ قويىدۇ.

«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ تېرورلۇق تىزىملىكىدىن چىقىرىلىشىنىڭ رەسمىي ئېلان قىلىنىشى غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ خىتاينىڭ بۇ تەشكىلاتنىڭ سابىق بۇش ھۆكۈمىتى ۋاقتىدا بىر قېتىم تېرورلۇق تىزىملىكىگە ئېلىنغانلىقىنى باھانە قىلىش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈستىدىن مىسلىسىز دەرىجىدە باستۇرۇش ئېلىپ بېرىشى، ھەتتا بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەب بىلەن جازا لاگېرلىرىنى قۇرۇپ مىليونلىغان كىشىلەرنى سولاش سىياسىتىگە قارىتىلغان كۈچلۈك ئىنكارنى كۆرسىتىدۇ. يەنى بۇ ئىش ئامېرىكانىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تېرورلۇق بىلەن ئەيىبلىشى ۋە بۇ سەۋەب بىلەن باستۇرۇش ئېلىپ بېرىشىنى پۈتۈنلەي ئاساسسىز دەپ قارايدىغانلىقىنى دۇنياغا جاكارلىغانلىقى ھېسابلىنىدۇ.

## تەكلىپ ۋە تەۋسىيەلەر

ترامپ ھۆكۈمىتى كەتتى دەپ (ناۋادا راستىنلا كېتىپ قالسا) ئۈمىدسىزلىنىشكە بولمايدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئامېرىكا دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قوللىشى ۋە مەسىلىمىزنى خەلقئارالاشتۇرۇشى ۋە ئىگە چىقىشى قانداقتۇر ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ ئايرىم ۋە ئۆزگىچە سىياسىتى ئەمەس. بۇ بەكرەك خەلقئارالىق سىياسىي ئاتموسفېرانىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. شۇڭا ئامېرىكاغا كىمنىڭ پرېزىدېنت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇيغۇر سىياسىتىدە چوڭ جەھەتتىن ئۆزگىرىش بولمايدۇ. بەلكىم بايدىن ھۆكۈمىتىدىن دېموكراتىيە ۋە ئىنسان ھەقلىرى تېمىسىدا ئادالەت تەلەپ قىلىش ترامپتىن تەلەپ قىلغانغا قارىغاندا ئاسان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ تەرەپتىن كۆپرەك تەييارلىق قىلىنىشى

لازىم. يەنە بىر جەھەتتىن، تىرامپ ئامېرىكىنى ياۋروپادىن ئايرىپ تاشلىغان بولۇپ، بۇ شەرقىي تۈركىستان ھەرىكىتىنىڭ غەرب دۇنياسىدا بىر بىرى بىلەن باغلىنىشىنى ئىمكانسىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئامېرىكىدا ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتنىڭ ياۋروپاغا ۋە ياۋروپادا ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتنىڭ ئامېرىكىغا تەسىر كۆرستىشىنى توسۇپ قويغان ئىدى. بايدىنىنىڭ ياۋروپانى ئامېرىكا بىلەن يېقىنلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، بىر رايوندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىنىڭ تېز سۈرئەتتە يەنە بىر رايوندىمۇ ئىنكاسقا ئېرىشىدىغان ھالىتى شەكىللىنىدۇ. شۇڭلاشقا بۇنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇش لازىم. داۋا ئىشىدا ئۇسلۇبتا ۋە ئىشلىتىلگەن گەپ - سۆزلەردە يېگىچە قىياپەت بولۇشى، خەلقئارا مەسىلىلەر ھېسسىيات بىلەن ئەمەس ئەقىل كۆزى بىلەن كۆزىتىلىشى ۋە ھەرقانداق ھەرىكەت ۋە سىياسەتنى ھېسسىيات بىلەن ئەمەس بەلكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىش كېرەك.

## خىتاينىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

(08.11.20 - 02.11.20)

**نىجات تۇرغۇن**

1.ئەنگلىيەنىڭ خىتاي تەتقىقات گۇرۇپپىسى(CRG) 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئەنگلىيە بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋىتى توغرۇلۇق يېڭى بىر دوكلات ئېلان قىلغان بولۇپ، دوكلاتتا ئەنگلىيەنىڭ خىتاي بىلەن ئالتۇن دەۋرگە (Golden era) قايتىشىنىڭ ئەنگلىيەگە بەزى قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇنداقلا ئەنگلىيەنىڭ قىممەت قاراش جەھەتتە خىتاي بىلەن بولغان تۈپ پەرقىنى تونۇپ يېتىشىنىڭ نىمە ئۈچۈن زۆرۈرلىكىنى كۆرسەتكەن ۋە

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە جىددى قىلىشقا تېگىشلىك تۆۋەندىكى بەش تۈرلۈك تەۋسىيەنى ئوتتۇرىغا قويغان[9]:

1) چەت ئەلنىڭ ئارىلىشىشىغا قارشى تۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇش كېرەك، شۇنداقلا، دۆلەت تەھدىتىنى بىرلەشمە باھالاش گۇرۇپپىسى (JSTAT) خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ ئەنگلىيەنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا تىخمۇ كەڭ دائىرىدە ئارىلىشىشىغا دىققەت قىلىشى كېرەك؛

2) ئەنگلىيەنىڭ سىياسى ۋە ئىقتىسادىي سەرخىللىرىنىڭ خىتاي ۋە خىتاي شىركەتلىرى تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

3) چەت ئەللەرنىڭ ئەنگلىيەدىكى سىياسى لوبىيچىلىق پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىش كېرەك.

4)دۈشمەن دۆلەتلەرنىڭ تېخنىكا ۋە تەتقىقات ھەمكارلىقىدىن پايدىلىنىش ئېھتىماللىقى ۋە خىتاينىڭ بۇ ھەمكارلىقتىن قوش پايدا ئېلىش مۇمكىنچىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇنىڭغا قارىتا تەدبىر قوللىنىش لازىم. ئۇنىۋېرسىتېتلار ۋە شىركەتلەر بۇنداق ھەمكارلىققا كىرىشتىن بۇرۇن ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ، بۇ ھەمكارلىقنىڭ ئەنگلىيە ۋە ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيىنى بار - يوقلىقىنى سوراش كېرەك.

5) خىتاينىڭ ئەنگلىيەگە سالغان مەبلىغىنى نازارەت قىلىش، ئەنگلىيەنىڭ مەبلەغ كونترول مېخانىزمىنى يېڭىلاش ۋە خىتاي مەبلىغىنى پەقەت تىجارەت مەنبەسىرلىقىلا ئەمەس، بەلكى مۇداپىئە ۋە خەۋپسىزلىككە ئالاقىدار بولۇملەرمۇ كۆزدىن كەچۈرۈشى لازىم.

[9] Charles Parton, " UK Relations with China, Not Cold War, But A Values War; Not Decoupling, But Some Divergence". *China Research Group*. 02.11.20.https://chinaresearchgroup.org/values - war

بۇ يىل يازدىن بۇيان ئەنگلىيە بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولغان بولۇپ، بۇ ئۆزگىرىشلەر خەۋپسىزلىك، تىجارەت، مەبلەغ سېلىش، تېخنولوگىيە ۋە قىممەت قاراش قاتارلىق ساھەلەردە كۆرۈلۈۋاتىدۇ.

2.خىتاي خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتى رەئىسى لى جەنشۇ رۇسىيە فېدراتسىيەسىنىڭ كېڭەش باشلىقى Valinta Matkiyeva ۋە دۆلەت دۇما باشلىقى Vycheclav Volodi بىلەن كۆرۈشتى ۋە تۆۋەندىكى تۆت تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1) يېڭى يىپەك يولى پىلانى بىلەن ياۋرو - ئاسىيا ئىقتىسادى ئىتتىپاقى ئارىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، تىجارەت ۋە كىشىلىك ئالماشتۇرۇش، يەرلىك ھۆكۈمەت، تېخنىكا ۋە مۇھىت قاتارلىق ساھەلەردە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش.

2) 19 - COVID غا قارشى ئىككى تەرەپلىك ۋە خەلقارالىق ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش

3) دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، بىخەتەرلىكى ۋە تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قوغداش بىلەن بىرلىكتە، بىر تەرەپلىمە قاراش، قورۇقچىلىق ۋە بوزەك قىلىش قىلمىشلىرىنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە دۇنيا كۆنتەرتىپىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى بىرلىكتە ھەل قىلىش.

4) خەلقئارا ۋە رايون ئىشلىرىدا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ب د ت نى مەركەز قىلغان خەلقئارا سىستېمىنى ۋە خەلقئارا قانۇننى ئاساس قىلغان خەلقئارا تەرتىپنى قوغداش.[10]

خىتاي تاشقى سىياسىتىدە ئەڭ ئەھمىيەت بەرگەن دۆلەت رۇسىيە بولۇپ،

[10] Xinhua, "China's top lawmaker offers suggestions to boost China - Russia legislative ties", *GlobalTimes,* 03.11.20.
https://www.globaltimes.cn/content/1205508.shtml

گەرچە خىتاينىڭ رۇسىيە بىلەن بولغان تىجارەت سوممىسى ئۇنداق چوڭ بولمىسىمۇ، رۇسىيەنىڭ جۇغراپىيەلىك يېقىنلىقى، ئېنېرگىيە تەمىنلىگۈچى سالاھىيتى، خەلقئارا سەھنىدىكى ئورتاق رىقابەتچىلىرى ۋە مەنپەئەتلىرى سەۋەبلىك ئىككى تەرەپ ئېھتىياجلار مەجبۇرلىغان ۋە ئۆز - ئارا پايدا ئالغان بىر ھەمكارلىقنى شەكىللەندۈرمەكتە ۋە بۇنى داۋام قىلماقتا.

3.رۇمىنىيەنىڭ خۇاۋېينى ئۆز تورىدىن چەكلەيدىغانلىقنى ئېلان قىلىشى خىتاينىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپادىكى 5گ قۇرۇلۇشىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش مەقسىتىگە بىر زەربە بولدى.

بۇ يىل ئۆكتەبىردە شىمالى ماكېدونىيە، كوسوۋو، سلوۋاكىيە ۋە بۇلغارىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئامېرىكا بىلەن سىمسىز تور تېخنىكىسى كېلىشىمنامىسى ئىمزالىغان ئىدى. ئامېرىكا پرېزىدېنتى دونالد ترامپمۇ بۇنى «پاكىز تور يولى» (Clean Network) دەپ ئاتىغان ۋە ئاۋغۇست ئېيىدا «خىتاي قاتارلىق مۇستەبىت دۆلەتلەر ئەركىن دۇنياغا تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەن ئىدى.

Ivana Karaskova (خىتاينى كۆزىتىش جەمئىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى قۇرغۇچىسى)نىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئامېرىكا بۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن خۇاۋېينىڭ ياۋروپادىكى تەسىرىنى تىزگىنلەۋاتقان بولۇپ، بۇ كېلىشىملەرنىڭ بۇ رايوندىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ خىتايغا تېخىمۇ قاتتىق قارشى تۇرۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ خۇاۋېينى 5گ قۇرۇلۇشىدىن ئارقا - ئارقىدىن چەكلىشى خىتايغا بېرىلگەن بىر زەربە بولۇپ، ئامېرىكانىڭ بۇنىڭدا چوڭ رولى بار. ياۋروپادا خىتاينىڭ تەسىرىنى چەكلەش ئامېرىكادىكى ئىككىلا پارتىيەنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى. ئامېرىكا پرېزىدېنت سايلىمىغا

قاتنىشىۋاتقان Joe Biden نىڭ تاشقى ئىشلار مەسلىھەتچىسىمۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى ختايغا قارشى باج ۋە باشقا مەسىلىلەردە ياۋروپا بىلەن ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.[11]

### 4. ختاي بىلەن ئاۋسترالىيەنىڭ مۇناسىۋىتى جىددىي نۇقتىدا.

ختاي ئۆز شىركەتلىرىنىڭ ئاۋسترالىيەنىڭ يەتتە خىل تاۋىرىنى سېتىۋېلىشىغا چەكلىمە قويغان. ختاي بىلەن ئاۋسترالىيەنىڭ مۇناسىۋىتى بۇ يىل 4 ـ ئايدىن باشلاپ يىرىكلىشىشكە باشلىغان ئىدى. ئاۋسترالىيەنىڭ COVID ـ 19 نىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا خەلقئارالىق تەكشۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشى، ئاۋسترالىيەنىڭ ھىندى ـ تىنچ ئوكيان رايونىدا ئاكتىپلىشىشى ۋە Quad ھەمكارلىقىنىڭ كۈچىيىشى ختاينىڭ بۇ قارارلارنى چىقىرىشىغا سەۋەب بولغان.

ختاي ئاۋسترالىيەنىڭ ئەڭ چوڭ سودا شېرىكى بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى سودا مىقدارى 171 مىليارد دوللار بولۇپ، ختاي ئاۋسترالىيەنىڭ 39% ئېكسپورت مېلىنى سېتىۋالىدۇ.

ئاۋسترالىيە Lowy ئىنستىتۇتى تەتقىقاتچىسى Richard McGregor ختاي ئاۋسترالىيەنى جازالاش قارارىدا قەتئىيەدەك تۇرىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەرگە دەرس بەرمەكچى دېيدى.[12]

**تەۋسىيەلەر:**

---

[11] Reid Standish, "Balkans Become Unlikely Bridgehead In Europe For U.S's Anti - China Push", *RadioFreeEurope* . 02.11.20.
https://www.rferl.org/a/balkans - become - unlikely - bridgehead - in - europe - for - u - s - s - anti - china - push/30926537.html

[12] Alfred Cang and Steven Yang "China to Halt Key Australian Imports in Sweeping Retaliation". *Bloomberg.* 03.11.20. https://www.bloomberg.com/news/articles/2020 - 11 - 03/china - to - halt - key - australian - commodity - imports - as - tensions - mount

خىتاينىڭ قاتتىق تاشقى سىياسىتى ۋە دىپلوماتىيەسى، تىجارەت مۇناسىۋەتلىرىنى سىياسى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە قىلىپ قوللىنىشى، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك قورۇلۇشلىرىغا مەبلەغ سېلىشى ۋە خىۋاۋېي ئارقىلىق ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ 5گ گە ئوخشاش سەزگۈر قورۇلۇشلىرىغا ئىگە بولۇشقا ئۇرۇنۇشى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان بولۇپ، ھازىرقى يۈكسىلىۋاتقان خىتاينىڭ ئۆز دۆلىتىگە ئىقتىسادىي مەنپەئەت يەتكۈزۈشتىن باشقا سىياسىي، خەۋپسىزلىك ۋە تېخنولوگىيە ساھەلىرىدە تەھدىت شەكىللەندۈرۈۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتمەكتە. بۇ تونۇشلار غەرب دۆلەتلىرىنىڭ خىتايغا قارشى تەدبىر قوللىنىشىغا، ئۆز مەنپەئەتى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى قوغدىشىغا تۈرتكە بولماقتا.

غەرب دۆلەتلىرى ھازىر توختىماي خىتاينىڭ دۆلەت ئىچى، ھوڭكوڭ، شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتىكى زۇلۇم ۋە مۇستەملىكە سىياسەتلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، خىتايغا بېسىم قىلىۋاتىدۇ.

بۇ ۋەزىيەت خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇستەملىكە سىياسەتلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ تونۇتۇشتا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىغا پايدىلىق پۇرسەتلەرنى تۇغدۇرماقتا. بۇ ئەھۋالدا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى مەسىلىلەرنى ئىلمىي، پاكىتلىق ۋە سەۋىيەلىك چۈشەندۈرۈش بىلەن بىرگە، تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشى ۋە ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈشكە تېز سۈرئەتتە قەدەم بېسىشى لازىم. بۇ دەۋردە ئىش قىلىشلا ئەمەس، «قىلغان ئىشتىن قانداق نەتىجە يارىتىمىز» دېگەننى ئويلىشىپ ئىش قىلىش زۆرۈردۇر.

يەنە غەربتىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇلارنىڭ ئاكادېمىك دۇنيادىكى خىتايغا قارىتا ئۆز - ئۆزىنى سېنزور قىلىش (Self Censor)نى يوق قىلىش ئارقىلىق، ھەر قايسى دۆلەتلەردە شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدا ياخشى تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىشى ۋە يېزىلىشىنى تەلەپ

قىلىش ياكى ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلىرىنى قوللاشنى سوراش كېرەك.

قوشۇمچە (تەتقىقات ئۈچۈن تەۋسىيەلىك تېمىلار):

The Path to independent East Turkistan
Decolonization of East Turkistan
Colonial history of East Turkistan and National identity of East Turkistan

## خىتاينىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى

## 11.08 - 11.01 .2020

**مۇھەممەد ئەلى**

خىتاينىڭ 7 ـ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش خىزمىتى رەسمىي باشلاندى

خىتاي ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ(国务院) بۇيرۇقى بىلەن خىتاينىڭ 7 ـ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش خىزمىتى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رەسمىي باشلاندى. بۇ خىزمەت 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە داۋام قىلىدۇ. نەتىجىسى 2021 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئېلان قىلىنىدۇ. خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسى ھاكىمىيەتكە كەلگەندىن بۇيان 1953، 1964، 1982، 1990، 2000، 2010 جەمئىي 6 قېتىم ئومۇمييۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئىدى . ئومۇمييۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ مەزمۇنى ئىسىم ـ فامىلىسى، كىملىك نومۇرى، جىنسى، يېشى، مىللىتى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، كەسپى، كۆچۈش، يۆتكىلىش، نىكاھلىنىش، تۇغۇش، ئۆلۈش، تۇرالغۇ ئۆي ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[13] بۇ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى، 7 ـ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ 11

[13] 〈第七次全国人口普查登记正式开始〉、20201101
http://www.xinhuanet.com/politics/2020-11/01/c_1126682802.htm

- ئاينىڭ 1 - كۈنى باشلىنىدىغانلىقى ھەققىدە رەسمىي ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلغان ئىدى.[14]

بۇ قېتىم 2010 - يىلىغا قارىغاندا بىر قانچە ئۆزگىرىش بولغان. بىرىنچىدىن، نوپۇس تەكشۈرۈش خىزمىتى 2010 - يىلى 10 كۈن داۋام قىلغان بولسا بۇ يىل 40 كۈن داۋام قىلدۇ. ئىككىنچىدىن، تۇنجى قېتىم كىملىك نومۇرى خاتىرىلىنىدۇ. ئۈچىنچىدىن، تۇنجى قېتىم خوڭكوڭ، ماكاۋ (ئاۋمىن)، تەيۋەن ۋە چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق ئائىلە ئەزالىرىنىڭ سانىنى مەلۇم قىلىشى كېرەك. تۆتىنچىدىن، قانچە ماشىنىسى بارلىقى، ماشىنىسىنىڭ باھاسى، يېزىدا قانچىلىك يېرى بارلىقى، ئىجارە ئولتۇرۇۋاتقان بولسا، ھەر ئايلىق ئىجارە ھەققى قاتارلىقلارنىمۇ تەپسىلى مەلۇم قىلىشى كېرەك[15].

*خىتاي دۇنيادىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ دۆلەت. خىتايدىكى غايەت زور نوپۇس خىتاينىڭ ئەۋزەللىكى بولۇش بىلەن بىرلىكتە خىتايدىكى ئەرزان ئەمگەك كۈچىنىڭ ئازلاپ كېتىشى، نوپۇسنىڭ قېرىشى، ئىشسىزلىق نىسبىتىنىڭ ئېشىشى، نوپۇسنىڭ زىيادە كۆپ بولۇشى سەۋەبلىك ھەرخىل جەمئىيەت ۋە مۇھىت مەسىلىلىرىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. خىتاي بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يولىنى تاپالمىسا خىتاينىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن نۇرغۇن يوشۇرۇن خەتەرلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. شۇڭا خىتاي بۇ قېتىم ئەستايىدىل ۋە ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى پىلانلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ھەمدە كېلەر يىلى ھاللىق سەۋىيەگە يەتكەنلىكىنى جاكارلىماقچى بولۇۋاتىدۇ[16]. بۇ*

[14] 〈国务院第七次全国人口普查领导小组办公室公告〉、 国家统计局、 2020年10月01日、 http://www.stats.gov.cn/tjgz/tzgb/202009/t20200910_1788702.html

[15] “Factbox: What’s new in China’s 2020 population survey versus 2010 census”, *Reuters*, 03.11.2020, https://www.reuters.com/article/us-china-society-census-factbox/factbox-whats-new-in-chinas-2020-population-survey-versus-2010-census-idUSKBN27J06W

[16] 〈明年上半年党中央将对全面建成小康社会进行系统评估和总结，然后正式宣布我国全面建成小康社会〉、 20201103 http://www.xinhuanet.com/2020-11/03/c_1126693498.htm

*قېتىملىق سانلىق مەلۇماتلارنىڭ بەزىلىرى بۇ ئىش ئۈچۈن تەييارلانغان بولۇشى مۇمكىن.*

خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ بەزى دۆلەتلەردىكى ئەلچىلىكلىرىگە يېڭى ئەلچىلەرنى تەيىنلىدى

11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ تۈركىيە، پاكىستان، بېلورۇسسىيە، ۋېنگرىيە قاتارلىق 12 دۆلەتكە يېڭى ئەلچىلەرنى تەيىنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۈركىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچى دېڭلىنىڭ(邓励) ئورنىغا لىيۇ شاۋ بىڭ(刘少宾) تەيىنلەندى [17].

*گەرچە ئەلچىلەرنىڭ ئايرىلىشى ۋە يېڭىدىن تەيىنلىنىشى ناھايىتى نورمال ئەھۋال بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ئۈچۈن مۇھىم بولغان تۈركىيەدەك دۆلەتكە بۇرۇنقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى تاشقى بىخەتەرلىك بۆلۈمى باشلىقىنىڭ ئەلچى بولۇپ تەيىنلىنىشى ۋە ئارقىدىنلا يۇسۇپجان ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشى بەلكى مۇھىم بىر سىگنال بولۇشى مۇمكىن.*

*شەرقىي تۈركىستان داۋاسى غەرب ئەللىرىدە ۋە تۈركىيەدە كۈندىن كۈنگە ياخشى يۆنىلىشكە قاراپ مېڭىۋاتقان مۇشۇنداق ھالقىلىق بىر تارىخى پەيتتە پەيتتە، خىتاي داۋاغا ۋە داۋا ئادەملىرىگە ۋاستە تاللىماي زىيانكەشلىك قىلىشى مۇمكىن.*

## تەكلىپ ـ تەۋسىيەلەر

1. شەرقىي تۈركىستانلىق تەتقىقاتچىلار ۋە مېدىيا قورۇلۇشلىرى خىتاينىڭ بۇ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش ئىشىنى يېقىندىن كۆزىتىشى ۋە خىتايدىكى

[17] <国家主席习近平任免驻外大使>、 人民日报、 2020年11月06日、 第01版、 http://paper.people.com.cn/rmrb/html/2020-11/06/nw.D110000renmrb_20201106_2-01.htm

نوپۇس قۇرۇلمىسى ۋە نوپۇس سەۋەپلىك كېلىپ چىققان مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك . ئەڭ مۇھىمى بۇ ھەقتە ئانالىزلار، دوكلاتلار يېزىلىشى كېرەك.

2. شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى، تەتقىقاتچىلار ۋە مېدىيا قۇرۇلۇشلىرى بۇ قېتىملىق نوپۇس ئېنىقلاش نەتىجىسىدىكى شەرقىي تۈركىستانغا ئائىت مەلۇماتلارنى يېقىندىن كۆزىتىشى، ئىلگىرىكى سانلىق مەلۇماتلار بىلەن بىرلىكتە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇس ۋە تۇرمۇش ئەھۋالى ھەققىدە ئىلمىي دوكلاتلارنى تەييارلىشى كېرەك. بۇ قېتىم ختاينىڭ سانلىق مەلۇماتى نۇرغۇن ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىشى مۇمكىن.

3. شەرقىي تۈركىستانلىق داۋا ئادەملىرى ۋە پائالىيەتچىلەر شەخسى بىخەتەرلىكىگە ۋە بەزى پائالىيەت ۋە تەشكىلات ئۇچۇرلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى، شۇنداقلا يېڭى تۈركىيە ئەلچىسى ھەققىدە مەلۇمات توپلىشى كېرەك. ھەتتا يۈسۈپجان ۋەقەسىنى بۇ يېڭى ئەلچىگە باغلاپ خەۋەر ۋە ماقالە يېزىپ مېدىيادا كۈنتەرتىپكە ئەكىلىش كېرەك.